# ئادەم ئەۋلادى مېنى يالغانغا چىقىرىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستى، مېنى دەشنام قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەۋلادى مېنى يالغانغا چىقىرىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستى، مېنى دەشنام قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستى، ئادەم ئەۋلادىنىڭ مېنى يالغانغا چىقىرىشى ئۇنىڭ: ئاللاھ تائالا مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى دەسلەپتە پەيدا قىلغاندەك تىرگۈزەلمەيدۇ دېگەن سۆزى، ئۇنى قايتىدىن تىرگۈزۈش دەسلەپتە پەيدا قىلىشتىن ئاسان ئەمەسمۇ؟. ئادەم ئەۋلادىنىڭ ماڭا دەشنەم قىلىشى بولسا ئۇنىڭ: ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېيىشىدۇر، مەن يەككە-يېگانە، ھەممە ماڭا ئېھتىياجلىق، مەن بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ماڭا تەڭداش بولالمايدۇ».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدە ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار توغرىسىدا بەرگەن خەۋىرىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقى، ئاللاھنى ناقىس، ئەيىبلىك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى ۋە ئۇنداق قىلىشنىڭ ئۇلارغا لايىق بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى يالغانغا چىقىرىشى: ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دەسلەپتە يوقلۇقتىن پەيدا قىلغاندەك ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن تىرگۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەت قايتۇرۇپ: يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى زات ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن تىرگۈزۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر، بەلكى بۇ ئاۋۋالقىسىدىن ئاساندۇر، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن يېڭىدىن پەيدا قىلىش ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن تىرگۈزۈش ئىشى ئوخشاش، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا دەشنام قىلىشى: ئۇلار ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەت قايتۇرۇپ: ئۆزىنىڭ بارلىق ئىسىم، سۈپەت، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە يەككە-يېگانە، ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ھېچ كىشىگە ئېھتىياجلىق بولمايدىغانلىقى، ھەممىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھ بىر كىشىنىڭ ئاتىسى بولمىغانلىقىنى، ھېچ بىر كىشىنىڭمۇ بالىسى بولمىغانلىقىنى، ئوخشاشلىقتا، باراۋەرلىكتە ھېچ كىشىنىڭ ئاللاھقا تەڭداش بولالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6327

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee